# 291409 ـ ئارىلاشما پايچېكنى مىراس ئالغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ قىممىتى ئىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىدۇ؟

## سۇئال

ئالاقە‑ئۇچۇر شىركىتىدىن مەلۇم مىقداردا پايچېكقا ئېرىشتۇق، بىز ئۇنىڭ پايدىسىنى ئالاتتۇق، يۈزدە ئون پىسەنتىنى ئۇلار ئالاتتى، قالغىنىنى بىز ئالاتتۇق، بۇ قىلغىنىمىز توغرىمۇ؟، بىز پايچېكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى سېتىۋەتمەكچى، ئەسلى مەبلەغنى بىلمەيمىز، ھازىر پايچېكنىڭ باھاسى ئۆرلىدى، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك شىركەتنىڭ پائالىيەتچانلىقى سەۋەبىدىن پايچېكى ئارىلاشما بولسا، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھارامدىن يەنى جازانە شەكلىدە قەرز بېرىش ياكى قەرز ئېلىش بىلەن قولغا كەلگەن بولسا، بۇ شەكىلدىكى پايچېكنى سېتىپ قۇتۇلۇش كېرەك بولىدۇ، ئۇنى پاكىزلاپ يېنىدا ئېلىپ قېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ھارام دېگەن پەقەت ھارام پايدىنى ئىستېمال قىلىشقا قايتمايدۇ، بەلكى شۇنىڭ ئۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا قايتىدۇ، ئاشۇ پايچېكى كەڭ تارقالغان نىسۋە بولۇپ، پايچېكى بىلەن بولغان ھەرقانداق ئىش ھارام بولىدۇ، ئۇنىڭ جىنايىتى پاي قاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قايتىدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى ئىلگىرى 3969-45319 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلغان.

شىركەتنىڭ ھەرىكەتچانلىقى باراۋېرىدە سىلەر ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن سىلەر ئېرىشكەن پايدىلاردىن مەنپەئەتلەنسەڭلار بولىدۇ. ھارام ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنكى پايدىلاردىن قۇتۇلىشىڭلار كېرەك.

پايچېكنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆسۈشىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ھېچ مەسىلە يوق، سىلەر پايچېكنىڭ ھارام بولغان مىقدارىدىن ۋە ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنكى پايدىسىدىن ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدا ئون پىرسەنت بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئاز‑كۆپ

بولسۇن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش بىلەن ئۇنى ھازىرقى باھاسى بويىچە ساتىسىلەر.

دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى 14-توم 299-بەتتە مۇنداق كەلگەن: "سوئال: مەن ئاللاھدىن قورقىمەن، جازانىنى ياقتۇرمايمەن، ماگا ئېلېكتىر شىركىتى، نېپىت شىركىتى، تەبۇكتىكى زىرائەت بانكىسى، نادىك زىرائەت بانكىسى، كۇۋەيتتىكى سېمونۇت زاۋۇتى ۋە ماشىنا شىركىتى ماڭا پايچېكى بەردى، مەن بۇ شىركەتلەرنىڭ جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلىدىم، ھۆرمەتلىك ئۇستاز! مەن سىلىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاڭلىمىغىچە بۇ شىركەتلەر بىلەن بولغان ئالاقەمنى ئۈزمەيمەن، ئاللاھ ئۆزلىرىگە كۆپ مۇكاپات ئاتا قىلسۇن، ئەگەر بۇ شىركەتلەردە جازانە تېپىلسا ئۇنىڭدىن قانداق قۇتىلىمەن ۋە ماللىرىمنى قانداق قايتۇرىۋالىمەن؟.

جاۋاپ: بىرىنچى: ھەرقانداق شىركەتنىڭ مۇشتەرىلەر بىلەن ئېلىم-سېتىمدا جازانە شەكلىدە مۇئامىلا قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇ شىركەتكە پاي سېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ گۇناھ-مەسىيەت ۋە دۈشمەنلىككە ياردەم بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق» [سۈرە مائىدە 2-ئايەت].

ئىككىنچى: كىمكى ئىلگىرى جازانە شەكلىدە مۇئامىلە قىلىدىغان شىركەتكە پاي سالغان بولسا، ئۇ كىشى شىركەتكە قاتقان پايچېكىنى سېتىۋېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىم قىلغان جازانە پايدىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىۋېتىشى كېرەك، ئاللاھ توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت، سالاملىرى بولسۇن.

دوكتۇر مۇھەممەد ئۇسەيمىدىن: مېنىڭ سابىق شىركىتىدە شىركەت قۇرۇلغاندىن بېرى قاتقان پايچېكىم بار، جەمئىيەتكە پايچېكى كېسىلى كەڭ تارقالغاندا ئۇنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە شىركەتنىڭ قايسى شەكىلدە مۇئامىلا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۈرۈشتە قىلسام، ئۇلار: شىركەت جازانە شەكلىدە مۇئامىلە قىلىدۇ دەيدۇ، ئۇستاز! سىلى ياخشى بىلىلا، ئەسلى مال ئاز بولۇپ، پايچېكى ئۇنىڭغا نۇرغۇن پايدا كەلتۈردى، پايچېكى كەلتۈرگەن پايدا بىلەن ھازىر پايچېكنىڭ قىممىتى ئۈچ يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ، قانداق قىلىشىم كېرەك؟يول كۆرسىتىشلىرىنى سورايمەن دەپ سورىغاندا، دوكتۇر جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئىش يۇقىرىدا سىز ئېيتقاندەك بولسا، سىز پاي سالغاندا ئۇنى بىلمەپسىز، ھازىر بىلگەندىن كېيىن پايچېكىنى سېتىۋېتىڭ، ئۇنىڭ پۇلىنى خىراجەت قىلىسىڭىز بولىدۇ، ئۇنى پاكىزلاش كېرەك بولمايدۇ، ئىلگىرى تاپشۇرۇپ ئالمىغان پايدىلارنىڭ بىر يىللىق زاكاتىنى بەرسىڭىز بولىدۇ، ئاللاھ سىزنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.